«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى



# يوشۇرۇن ئۇچقۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

يوشۇرۇن ئۇچقۇن
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3923-0
9 787546 939230 >
定价：29.80元

上架建议：少儿专柜

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# يوشۇرۇن ئۇچقۇن

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب بېيجىڭ ئېلېكترون سانائەت نەشرىياتى 2010 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京电子工业出版社 2010 年 1 月第 1 版，第 1 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇرات ئالىم
مامۇت ئىسمايىل
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىبان نۇرئەخمەت

**بەت لايىھەلىگۈچى:** يۈسۈپجان ھەسەن
**گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** لىيۇ ۋېيىيۇ

**«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى**

# يوشۇرۇن ئۇچقۇن

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بياۋگەنجى مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 8
**نەشرى:** 2014 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 - يىلى 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3923 - 0
**باھاسى:** 29.80 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

www.uyghurkitap.com

# ئاجايىپ ياخشى رەسىملىك پەننىي كىتاب

## —— كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ھەر قېتىم تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن تەسىرلىك ھەم جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، لىرىك مۇزىكىلاردىن بەھرىلەنگىنىڭىزدە، يەسلى ياكى باغچىلارغا بېرىپ قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلارنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى زوق بىلەن ئوينىغىنىڭىزدا ياكى ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن تاغۇ ـ دەريا، باغۇ ـ بوستانلارنى سەيلە قىلغىنىڭىزدا... سىزدە ھەرخىل تەسىرات ۋە سوئاللار تۇغۇلۇپ، ئىلىم ـ پەن دېڭىزىغا غەرق بولامسىز؟ ئىلىم ـ پەن سىرلىقتۇر، ئىلىم ـ پەن گۈزەلدۇر، ھەممىدە ھەممىگە چېتىشلىقتۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بەئەينى ئىلىم ـ پەن دېڭىزىدا كېزىۋاتقان ئالتۇن كېمىگە ئوخشاش، گۈزەل تىللارنى، جانلىق ھەم قىزىقارلىق رەسىملەرنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، چۆچەكلەردەك ئېپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىزگە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. سىزنىڭ ئىلىم ـ پەن دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئېچىدىكى سىرلىق دۇنيانى چۈشىنىشىڭىزگە، ئىلىم ـ پەننىڭ مۆھىملىقىنى بىلىشىڭىزگە، ھەممىدە ئاشۇ ئىلىم ـ پەنگە تولغان دۇنيادا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.







# مۇندەرىجە




يوشۇرۇن ئۇچقۇن ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 1

ئادەم چىشلەيدىغان چاقماق ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 25

مەن چوڭ بولغاندا ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 49

پوجاڭزا ئېتىش ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 75

يولدىكى غەلىتە ئالا بەلگە سىزىق ... ... ... ... ... ... ... ... 99






www.uyghurkitap.com

# يوشۇرۇن ئۇچقۇن





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانا ئۆردەك ئىككى ئارزۇلۇق بالىپاننى ئۆيدە يالغۇز قويۇپ، سىرتقا ئىش بىجىرگىلى چىقىپ كەتتى.

بالىپانلار زېرىكىپ ئولتۇرۇپ كۇبىك تىزىپ ئوينىدى. ئۇلار ئويۇنغا راسا كىرىشىپ كەتكەندە، تۇيۇقسىز مۇشۇك ئانىنىڭ دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ:

— تېز بولۇڭلار، ئوت كەتتى! — دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۆردەك بالىپانلىرى بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قاراپ ئوت يالقۇنىنىڭ قاچانلاردىن باشلاپكىنىتاڭ ئۆيگە يامراپ كىرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈشتى.



ئوت يالقۇنى ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى، ئۆي ئىچى ئىسقا تولۇپ كەتكەنىدى. بالىپانلار قورقىنىدىن غال - غال تىترىشەتتى، نەگە قېچىپ قۇتۇلۇشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار «غاق - غاق» دەپ ۋارقىرىشىپ، قاناتلىرىنى تېز - تېز قېقىشقا باشلىۋېدى، ئوتنى يەلپۈپ ئىس - تۈتەكنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى.

بۇ چاغدا، يان قوشنا غاز يەڭگە ئىككى چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، بىر تەرەپتىن بالىپانلارنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئىزدەشكە باشلىدى.





www.uyghurkitap.com




— قورقماڭلار بالىلىرىم! — دەيتتى غاز يەڭگە چېلەكتىكى سۇنىڭ بىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ، يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە تۆككەچ، — لۆڭگە بىلەن ئېغىز - بۇرنۇڭلارنى چىڭ ئېتىۋېلىڭلار، ئېڭىشىپ تۇرۇپ تېز قېچىڭلار!

شۇنداق دېگىنىچە، ئۇلارنى تارتىپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.





www.uyghurkitap.com





سىرتتا، ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن سېرىق ئىت تاغا، مۈشۈك ھامما، توشقان چوڭ دادا ۋە چوشقا چوڭ ئانىلارنىڭ بەزىلىرى سۇ چاچسا، بەزىلىرى قۇم چېچىپ، بەزىلىرى ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرمەكتە ئىدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆچۈرۈۋېلىندى.



www.uyghurkitap.com









بىردەمدىن كېيىن، ئانا ئۆردەك قايتىپ كېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەن-زىرىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن پۇتلىرى غال - غال تىترەپ ئۆرە تۇرالماي قالدى. ئۇ بالىپانلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، «ئۇھ» دەپ ئارامىغا چۈشتى. ئىشنىڭ جەريانىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.





بۇ چاغدا ئوت ئۆچۈرگۈچى يىلپىز تاغا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئوت ئاپىتىنى يوپۇرماقلارنى كۆيدۈرگەن چاغدا چىققان ئۇچقۇن ياكى تاماكا قالدۇقىنى قالايمىقان تاشلاش كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك قىلىدۇ، بۇنى ھېلىراقتا يەنە تەكشۈردىمىز. بىراق كۆپچىلىك، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار!

ھەممەيلەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتۈن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوت ئۆچۈرگۈچى يىلپىز تاغا كەتكەندىن كېيىن، چوشقا چوڭئانا ئۆردەك ئانىغا مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىڭىز چىقىپ قېلىپ سىرتقا چىقماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بىزگە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ. بىز ھەممىمىز بالىپانلىرىڭىزغا قاراپ قويىمىز. قاراڭە، ئۇلارنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويسىڭىز نېمىدېگەن خەتەرلىك!

ئۆردەك ئانا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.





www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

بۇنى كۆرگەن غاز يەڭگە:

— بۈگۈنكى ئىش ھەممىمىزگە بىر ساۋاق بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرەيلى، بولامدۇ! ئۆز ئۆيىمىزنى ئوبدان باشقۇرۇپلا قالماي، ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغىمۇ دىققەت قىلىپ قويايلى. بۇنداق ئىش ئىككىنچىلەپ سادىر بولۇپ قالمىسۇن! — دېدى.

سېرىق ئىت تاغىمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— توغرا يەنە بالىلىرىمىزغا بىخەتەرلىك تەربىيەسى بېرەيلى. ئۇلارغا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە زادى قانداق قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى بىلدۈرۈپ قويايلى! — دېدى.





شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۆردەك ئانا بالىلىرىغا بىخەتەرلىك تەربىيە-
سى بېرىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. ئۇ بالىپانلىرىغا ئوت
ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا، ھودۇقۇپ كەتمەي، تەمتىرىمەي، ئالدى بىلەن
ھۆل لۆڭگە بىلەن ئېغىز - بۇرنۇڭلارنى ئېتىپ دەرھال قېچىپ چىقىڭلار،
ئاندىن كېيىن 119 نومۇرلۇق تېلېفونغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم
قىلىڭلار، دېدى. ئۇ يەنە بىر قوشاق يېزىپ بالىلىرىغا يادلاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوت كەتكەن مەيداندىن
قېچىپ چىقىش قوشقى




1 1 9



بۇ قوشاقنى قورۇ ئىچىدىكى باشقا ھايۋانلارنىڭ بالىلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ ئېيتىدىغان بولۇشتى:

ئوت كەتسە ھودۇقماڭ،
تېز قېچىپ چىقىڭ.
ھۆل قىلىپ لۆڭگىدە،
ئېغىز - بۇرۇن ئېتىڭ.
ئىككىلەنمەي دەرھاللا،
ئېڭىشىپ قېچىڭ.
شۇ ھامان 119 غا،
تېلېفون بېرىڭ.
ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ،
ھەرگىز ئۇنۇتماڭ.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى








# پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## ئوت كەتكەن مەيداندىن قېچىپ چىقىش

### پائالىيەت مەقستى

ئوت ئاپىتى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ھادىسە. ئوت ئاپىتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە ھودۇقماسلىق، تەمتىرىمەسلىك لازىملىقىنى ئېيتىش ئارقىلىق بىخەتەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا ئوت ئاپىتى جەريانىدا ئۆزىنى قانداق قۇتقۇزۇش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش، ئىلمىي ئۇسۇلدا قېچىپ چىقىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىش لازىم.

### پائالىيەت تەييارلىقى




ئىككى دانە ئويۇنچۇق تېلېفون، لۆڭگە، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى، ئوت ئاپىتىگە ئائىت سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى.








www.uyghurkitap.com

## پائالىيەت جەريانى





1. باللار ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوت ئاپىتىگە ئائىت سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى، سۈرەت ـ رەسىملەرنى كۆرىدۇ، ئائىلە باشلىقلىرى ئوت ئاپىتى يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى بالىسىغا تەسەۋۋۇر قىلغۇزىدۇ.

2. بالىسىغا 119 نومۇرغا قانداق تېلېفون بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. ھەمدە ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىم سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ (سۆزلىشىش جەريانىدا بالىنىڭ تەمتىرەپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشقا، ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن كونكرېت ئورۇن، ۋاقىت ھەمدە نەق مەيداننىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تولۇق ئېيتىشقا يېتەكلەشكە دىققەت قىلىش لازىم)

3. بالا بىلەن بىرلىكتە قېچىپ چىقىش، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش مەشىقى ئېلىپ بارىدۇ:



① لۆڭگىنى سۇغا چىلاپ ھۆل قىلىدۇ؛



② ھۆل لۆڭگە بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېتىدۇ؛



③ ئۆمىلەپ ياكى ئېڭىشىپ نەق مەيداندىن قېچىپ چىقىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

1. باللارغا ئادەتتە ئوت ئوينىماسلىق، ئۆز ئۆيىنىڭ ئادرىسى، تېلېفون نومۇرى ھەمدە ئوت ئاپىتىنى مەلۇم قىلىش تېلېفون نومۇرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاش تەربىيەسى بېرىش؛

2. سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى، سۈرەت ـ رەسىملەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، باللار بىلەن ئوت ئاپىتىدىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىش؛

3. باللارنى ئىمكانقەدەر ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماسلىق، ئۇلارغا ھاياتلىقنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

باللارغا زۆرۈر بولغان ئوت ئاپىتىدە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىتىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، ئەمەلىي مانېۋىر ئارقىلىق، ئۇلارغا ئېغىز ـ بۇرۇنىنى ئېتىش، ئېڭىشىپ تۇرۇپ مېڭىش قاتارلىق قېچىپ قۇتۇلۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باللارغا ئوت ئويناشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلدۈرۈپ، تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ئاشۇرۇش.

# ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئوت ئاپىتى ماددىي مال ـ مۈلۈكنى بۇزۇپ، نابۇت قىلىپلا قالماستىن، كىشىلەر ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ قالغاندا، كىچىك دوستلار توغرا بولغان قۇتۇلۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى لازىم:

1. ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، قالايمىقان ئۇياق ـ بۇياققا قاچماي، دەرھال بىخەتەر چىقىش ئىشىكىنى تېپىپ، نەق مەيداندىن قېچىپ چىقىڭ.

2. يېنىڭىزدا تېلېفون بولسا، دەرھال 119 نومۇرغا تېلېفون بېرىپ، ئوت كەتكەن ۋاقىت، ئورۇن ھەم ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈڭ.

3. ئۈستىڭىزدىكى كىيىمىڭىزگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەن بولسا، دەرھال يېشىپ تاشلاڭ؛ ئەگەر يېشىشكە ئۈلگۈرەلمىسىڭىز يەردە يېتىپ دومىلاپ ـ يۇمىلاپ يۇرۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىڭ.

4. لىفت ئىچىدە سولىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوت كەتكەندە لىفت ئارقىلىق قېچىپ چىقىشنى ئويلىماي، پەلەمپەي ئارقىلىق قېچىڭ.

5. قۇتقۇزغۇچى خادىملار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئىس ئېلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھۆل لۆڭگە بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىڭىزنى ئېتىۋېلىڭ، ئاندىن ئېڭىشىپ ياكى ئۆمىلەپ نەق مەيداندىن ئايرىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئادەم چىشلەيدىغان چاقماق





تەتىل باشلاندى! مىمى بىلەن مياۋمياۋ دېگەن ئاتـ-
سىخىل ئاسلانلار دالاغا ئوينىغىلى چىقتى.

دالانىڭ مەنزىرىسى شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى! ياپېې-
شىل ئېتىزلار، ھەر خىل - ھەر ياڭزا گۈللەر، چىرايلىق
رەڭدار كېپىنەكلەر يەنە ئالدىراش ئۇچۇپ يۈرگەن قارلى-
غاچلار بەئەينى ئاجايىپ گۈزەل سۈرەتكىلا ئوخشايتتى.

مىمى، مياۋمياۋلار بەكلا خۇشال بولۇشۇپ، ئۆزلىرىمۇ
سەزمىگەن ھالدا ئۆيدىن بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى...



www.uyghurkitap.com



ھەش - پەش دېگۈچە ئاسماننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ «قاراس - قۇرۇس» چاقچاق چاقماق ئاۋازى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتتى. بىردە - دىن كېيىنلا يوغان - يوغان يامغۇر تامچىلىرى تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

بۇنداق قاتتىق يامغۇردا نەگە بېرىپ پاناھلانغىلى بولار؟

ئۈشتۈمتۈت، مياۋمياۋ ئانچە يىراق ئەمەس يەردىكى چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى كۆرۈپ قالدى - دە، مىمىغا:

— ئاۋۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يامغۇردىن پاناھلىنايلى، — دەپ توۋلىدى.







مىمى بىرنەچچە قەدەم يۈگرەپ بېقىپلا، چىپپىدە توختاپ قالدى ۋە:

ــ بولمايدۇ. مياۋ مياۋ، بارساق خەتەر چىقىدۇ! ــ دېدى.

ــ نېمە؟ نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى مياۋمياۋ قوللىرى بىلەن بېشىنى توسۇپ ئورنىدا توختاپ.

ــ مۇئەللىم چاقماق چېقىپ يامغۇر ياغقاندا چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەن، ــ دەپ چۈشەندۈردى مىمى.



شۇ چاغدا مياۋمياۋ مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئەسكە ئالدى. مۇئەل-لىم دەرس ئۆتكەندە ئۇلارغا بىر بالىلار قوشىقىنى ئۆگەتكەندى. ئۇنىڭدا «چاقماق چاقتى، يامغۇر ياغدى شارقىراپ كەتتى، سىز يۇ-گۇرمەڭ دەرەخ تۈۋىگە، خەتەرلىك يەتتى» دېگەنلەر بار ئىدىغۇ!

بەك خەتەرلىك ئىش بوپتۇ - هە! ئەمدى نەگىمۇ بارارمىز؟ ئۇلارنىڭ كىيىملىرى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىمى پېشانىسىگە شاقىدە ئۇرۇپ:

— ھە راست، ئاكا ـ سىڭىل ئۇزۇن تۇمشۇق ئىتلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا ئىدىغۇ، شۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇرايلى! — دېدى.

ئاكا ـ سىڭىل ئۇزۇن تۇمشۇق ئىتلار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار نەرسىلەردىن يېگەچ پاراڭلىشىپ شۇنداق خۇشال ئولتۇرۇشتى...





www.uyghurkitap.com



يامغۇر توختىماي شارىلداپ يېغىۋەردى، يوغان - يوغان يامغۇر تامچىلىرى يەرگە تاراسلاپ چۈشۈپ گۈل - چېچەكلەردەك ھەر تەرەپكە چاچرىدى. چاقماق بەئەينى نۇرغۇنلىغان دۇمباق تەڭلا چېلىنغاندەك تېخىمۇ «گۈلدۈرلەپ» توختىمىدى.

مياۋمياۋ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇيۇقسىزلا ئانىسى يادىغا كېلىپ:

— ئانام چوقۇم بىزنى ساقلاۋاتىدۇ، تازا تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ - ھە! — دەپ ئويلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئاكامنىڭ يانفونى بار، ئۆيۈڭلارغا تېلېفون بەرسەڭلار بو-
لىدۇ، — دېدى ئۇزۇن تۇمشۇق ئىتنىڭ سىڭلىسى. شۇنىڭ
بىلەن ئاكىسى:

— شۇنى دەيمەن، ئەجەب ئېسىمگە كەلمەپتۇ! — دېدى - دە
يانفوننى ئەكېلىپ بەردى.

مياۋمياۋ يانفوننى ئېلىپلا ئۆيىگە تېلېفون بەردى، قايتا -
قايتا تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ زادىلا ئۇلانمىدى.



www.uyghurkitap.com







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — جىددىيلىشىپ كەتتى مياۋمياۋ، — يامغۇردا ئۆي ئىچىدە سىگنال ياخشى بولمامدۇ - يا؟ سىرتقا چىقىپ بېرىپ باقايچۇ، — دېدى ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— سىرتقا چىقسىڭىز بولمايدۇ! — دەپ ئاكىسىنى كاپلا تۇتۇۋالدى مىمى، — مۇئەللىمىمىز: چاقماق چاقىقاندا ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ تاقاڭلار، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى توكتىن چىقىرىۋېتىڭلار، دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تۇرماڭلار، سىرتتا يانفون بىلەن سۆزلەشمەڭلار، دېگەنغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟





— ئەمىسە، ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئانام چوقۇم ئەندىشە قىلىۋا- تىدۇ.

ئۇلار جىددىيلىشىپ، تىت - تىت بولۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

— كىمدۇ؟ ئانام ئەمەستۇ؟ — دېدى مياۋمياۋ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئى- شىكنى ئاچتى. راستتىنلا مۇشۇك ئانا ئىكەن! ئۇ كۈنلۈك تۇتۇپ بال- لىرىنى ئىزدەپ چىقىپتىكەن، يامغۇر بەك قاتتىق ياغقاچقا ئۇستىبېشى چۆپ - چۆپ سۇ بولۇپ كېتىپتۇ.

ئانىسىنى كۆرۈپ ئاكا - سىڭىل خۇشاللىقىنى باسالماي، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى.



www.uyghurkitap.com



يامغۇر توختىدى. مۇشۇك ئانا ئاسلانلىرىنى ئېلىپ ئاكا ـ سىڭىل ئۇزۇن تۇمشۇق ئىتقا رەھمەت ئېيتىپ شاد ـ خۇراملىق ئىلكىدە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يولبويى ئاسلانلار بەس ـ بەس بىلەن ئانىسىغا يامغۇردىن پاناھلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ئاسلانلىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان مۇشۇك ئانىنىڭ چېھرىدە كۈلكە ئويناپ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

# پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## ئادەم چىشلەيدىغان چاقماقتىن پەخەس بولايلى

### پائالىيەت مەقستى

پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا چاقماقتىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت ھادىسىسىنى تونۇتۇش، توغرا ئۇسۇلدا چاقماق سوقۇشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش، بۇلار ئائىلە تەربىيەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنلاردۇر.

### پائالىيەت تەييارلىقى

ئائىلە باشلىقى بالىلىرىغا تۆۋەندىكىلەرنى تەييارلاپ بېرىشى كېرەك:

1. ئىشىك ـ دېرىزىسى ئوچۇق ۋە يېپىق ئۆينىڭ رەسىمى؛ 2. ئۆيدە ۋە سىرتتا يانفون سۆزلىشىۋاتقان رەسىم؛ 3. تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلارنى ئېچىۋاتقان ۋە ئۇلارنى توك مەنبەسىدىن چىقىرىۋاتقان رەسىم؛ 4. دەرەخ ئاستىدا يامغۇردىن پاناھلىنىۋاتقان رەسىم؛ 5. سۇ ئۈزۈۋاتقان، قېيىق ئويناۋاتقان ۋە بېلىق تۇتۇۋاتقان رەسىم؛ 6. يامغۇر يېغىۋاتقان مەنزىرە.









www.uyghurkitap.com

## پائالىيەت جەريانى







1. بارلىق رەسىملەر قالايمىقان پېتى قويۇپ قويۇلىدۇ.

2. ئاتا - ئانىسى گۈلدۈر - قاراس چاقماق چاقچان، يامغۇر ياغقاندىكى ئىشلارنى سۆزلىگەچ يامغۇر ياغقان مەنزىرىنىڭ رەسىمىنى ئۈستەلگە قويىدۇ، بالىسىنى ئۆزلىرى سۆزلىگەن مەزمۇنغا ئالاقىدار رەسىملەرنى بۇ مەنزىرىنىڭ ئۈستىگە بىر - بىرلەپ قويۇشقا ئۈندەيدۇ.





3. بارلىق رەسىملەر قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى بالىسى بىلەن بىرلىكتە رەسىملەرنىڭ توغرا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ، بالىسىغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قويغانلىقىنى سۆزلىتىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلۇق كۈنلەرگە يولۇققاندا، ئائىلە باشلىقلىرى بالىسى بىلەن قانداق قىلغاندا توغرا ئۇسۇلدا چاقماق سوقۇشتىن پاناھلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىرلىكتە مەشىق قىلسا بولىدۇ: ئەگەر سىرتتا بولسا، چوڭ دەرەخلەر ياكى ئۆيلەرنىڭ لەمپىسى ئاستىغا بارماسلىق، يانفوندا سۆزلەشمەسلىك قاتارلىقلارنى؛ ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ ئېتىش، توك مەنبەسىنى چىقىرىۋېتىشنى مەشىق قىلسا، شۇنداقلا بالىسىغا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بالىلارغا چاقماقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلىدۇ، چاقماق سوقۇشتىن قانداق قىلغاندا توغرا ئۇسۇلدا ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆزىنى قوغداش ئۆگىتىلىدۇ.

# چاقماق سوقۇشتىن توغرا ساقلىنىش ئۇسۇللىرى

ياز پەسلىدە گۈلدۈرماملىق يامغۇر ياغقاندا ئاسماندا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ پارقىراق نۇرلار كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ نۇرلار ـــ چاقماقتۇر. چاقماق چېقىش بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى بولۇپ، ئىنسانلارغا ناھايىتى زور زىيان - زەخمەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈلدۈرماملىق يامغۇر ياغقان ھاۋا رايىغا دۇچ كەلگەندە، كىچىك دوستلار بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشى، ئۆزىنى قوغداشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم:

1. ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ ئېتىش؛

2. ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ توك مەنبەسىنى چىقىرىۋېتىش؛

3. دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تۇرماسلىق؛

4. سىرتتا يانفون بىلەن سۆزلەشمەسلىك؛

5. دەريا - كۆل، دېڭىزلاردا سۇغا چۆمۈلمەسلىك، قېيىقتا ئوينىماسلىق ۋە بېلىق تۇتماسلىق؛

6. سىرتتا يۈرگەندە تۇيۇقسىز گۈلدۈرماملىق يامغۇر يېغىپ كەتسە، چاقماق سوقۇشنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەملەر بىرىەرگە توپلىشىۋالماسلىق لازىم.

شاكىچىك، ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالدىڭىزمۇ؟

# مەن چوڭ بولغاندا...





بىر كۈنى كەچتە ئېيىقچاق سىمون پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانىغاچ، بىر تەرەپتىن ئۆزىگە: «مەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلارمەن؟ دادامغۇ ئورمان قاراۋۇلى، مەنچۇ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوئال قوياتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى كۈنى سەھەردە سىمون ئاپىسىدىن سورىدى:

ــ مەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟ ئاپا سىز مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىسىز؟

ــ پەقەت سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرسەڭلا، نېمە ئىش قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئاپىسى.

ئەمما بۇ سىمون كۈتكەن جاۋاب ئەمەس ئىدى.



www.uyghurkitap.com

سىمون ئويۇنچۇق ئويناۋېتىپمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا شۇ مەسىلىنى ئويلاۋاتاتتى.

— سىمون ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئويلاۋاتىسەن، — دەپ سورىدى دادىسى.

— ھىم، مەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتىمەن.

— كېلەچەكتىكى ئىشلارنى سەن چوڭ بولغاندا دېيىشسەكمۇ بولىدۇ، ھازىرچە بەك ئويلاپ كەتمە. ماڭ، چىقىپ ئوينا! — دېدى دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.






www.uyghurkitap.com

— چوڭ بولغاندا زادى نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟ ئاپام بىلەن داداممۇ ئېيتىپ بەرمىدى. ھەي! ئەجەب ئىچىم پۇشتى!

سىمون تالادا كېتىۋېتىپمۇ يەنىلا بۇ مەسىلىنى ئويلايتتى.





www.uyghurkitap.com



تۆيۆقسىز، بىر بۆجەن ئۆنىڭ يېنىدىن ئۆچقاندەك يۆگۆرۆپ ئۆتۆپ كەتتى.

— هەي! بۆجەن! — سىمون ئۆنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى، — سەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەن يۆگۆرۆش چېمپىيونى بولىمەن، — بۆجەن گېپىنى تۆگىتىپلا قۆيۆندەك يۆگۆرۆپ كەتتى.

سىمون كۆل بويىدا سۇ ئۈزۈۋاتقان تاشپاقىجاننى ئۇچراتتى:

— تاشپاقىجان، سەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى سىمون.

تاشپاقىجان سۇ ئۈزگەچ جاۋاب بەردى:

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولىمەن، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەشىق قىلىۋاتىمەن.



www.uyghurkitab.com



www.uyghurkitap.com

سىمون ئورمانلىققا كېلىپ، قىزغىن ناخشا ساداسىنى ئاڭلىدى:

— لاي لاي لاي! ... لاي لاي لاي! ...

ئەسلىيدە ئۈچ كىچىك چوشقا كۈچىكى ناخشا ئېيتىۋاتقان ئىكەن.

— سىمون، بىز بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىشنى مەشىق قىلمامسەن؟ بىز چوڭ بولغاندا داڭلىق مۇزىكانت بولىمىز.

ئۇلار سۆزىنى تۈگىتىپلا يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن مەشىق قىلىشقا باشلىدى، — لاي لاي لاي! ... لاي لاي لاي! ...»





سىمون روھى چۈشكەن ھالدا كېتىۋاتاتتى، كۆڭلىدە: «كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشنى بىلىدىكەن، ئۇلار قاتتىق مەشىق قىلىۋېتىپتۇ، ئەمما مەنچۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

دەل شۇ چاغدا، دەريا تەرەپتىن بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى ...



سىمون ئالدىراش يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئېيىقجان نىكنىڭ يەردە يېتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەسلىيدە نىكنىڭ ئامراق قورچىقى دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن.

ــ نىك، يىغلىما، مەن ياردەم قىلاي! ــ سىمون «چولتۇك» قىلىپ سۇغا سەكرىدى.



سىمون نىكنىڭ قورچىقىنى سۇزۇۋالدى.

— رەھمەت ساڭا، سىمون، بەك قالتىسكەنسەن! — دېدى نىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ «مېھماندارچىلىق» ئويۇنى ئويناشقا باشلىدى. نىك ئاپىنىڭ، سىمون بولسا دادىنىڭ رولىنى ئالدى.

www.uyghurkitap.com



ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولدى، سىمون كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى. نىك بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئويىنىغاچقا، ئۇنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان ئىدى.





www.uyghurkitap.com



دادىسى سىموندىن ئەنسىرەپ يولغا قاراپ تۇرغان ئىدى. سىمون يىراقتىن دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ھاياجانلانغان ھالدا، دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

www.uyghurkitap.com



— دادا، مەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشنى بىلىۋالدىم، — دېدى سىمون.

— ئوھۆي! نېمە ئىش قىلىدىغان بولدۇڭ؟

— مەن ئورمانلىقنى، دوستلىرىمنى قوغدايمەن، خۇددى ساڭا ئوخشاش قاۋۇل ھەم مېھرىبان ئورمان قاراۋۇلى بولىمەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پوجاڭزا ئېتىش







«چاغان كەلدى!»، «بايرام بولدى!»

ئورمانلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەرگە ئېسىلغان رەڭلىك شارلار، لىنتىلار شامالدا لەپىلدەپ ئاجايىپ چىرايلىق بايرام شادلىقىنى ئىپادى- لىگەندى. ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بايرام بەك قىزىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



شۇ ئارىدا ئالا كۇچۇك بىر تىزىق پوجاڭزا كۆتۈرۈپ كېلىپ خۇشاللىق بىلەن كۆپچىلىككە:

— كېلىڭلار! پوجاڭزامنىڭ ئېتىلىپ قانچىلىك ئېگىزگە چىقالايدىغانلىقىنى كۆرۈڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇزۇن قۇيرۇق مايمۇن، ياپال يۇز مۇشۇك، بودەك ئېيىق ۋە شوخ چاشقانلار «هۇررا» توۋلىشىپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى.



— ھەممىمىز تەك كۆرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، پوجاڭزىنى دەرەخقە ئاسايلى!

دەرەخقە يامىشىش ئۇزۇن قۇيرۇق مايمۇننىڭ ئەڭ چوڭ ماھارىتى، ئۇ پوجاڭزىنى ئېلىپ ھەش - پەش دېگۈچە دەرەخقە چىقىپ پوجاڭزىنى ئېسىپ بولدى.

ياپال يۈز مۈشۈكنى ھۈرۈنمىكىن دەپ قالماڭ، ئۇ دېگەن بىر ئالدىراڭغۇ نېمىكەن. دەرەخ تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ:

— بولمامسەن، تېزراق ئوت تۇتاشتۇرمامسەن! — دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

مايمۇن پوجاڭزىغا ئوت تۇتاشتۇراي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن:

— هاي، توختاپ تۇرۇڭلار! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قىرغاۋۇل تاغىنى كۆرۈشتى. ئۇ چوك-چوك چامداپ بۇ تەرەپكە ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بودەك ئېيىق قىرغاۋۇل تاغىنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئىپادىنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.



— ئەتراپىڭلارغا قاراپ باقمامسىلەر، ھەممىلا يەر دەل - دەرەخ تۇرسا، پوجاڭزىنى ئاتقان ھامان، چاچراپ چىقىدىغان ئۇچقۇنلار ئورمانلىقتا ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قالسا، ئاقىۋىتىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەسمۇ. بىراق، — دېدى قىرغاۋۇل تاغا ئەتراپىدا ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە تۇرغانلارنىڭ چىرايىغا بىرمۇ بىر سەپسىلىپ قاراپ، — بىراق سىلەر ئاۋۇ بوش يەرگە بېرىپ كەڭ يەردە ئاتساڭلار بىخەتەررەك بولىدۇ، — دېدى.





www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەن يەنە خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇلار ئالا كۈچۈكنىڭ كەينىدىن يېقىنلا يەردىكى بىر بوش يەرگە كەلدى. بىراق بۇ يەردە پوجاڭزىنى ئېسىپ قويغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئالا كۈچۈك نېمە بولسا بولسۇن، دەپ پوجاڭزىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولدى.

— توختاڭلار! — قىرغاۋۇل تاغىنىڭ جىددىيلەشكەن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ توۋلىغانىدى.





www.uyghurkitap.com





ــ بۇ يەر ھېچنېمە يوق بوشلۇق ئىكەنغۇ، بۇ يەردىمۇ پوجاڭزا ئاتقىلى بولمامدۇ؟ ــ ئىچى تىتىلداپ سورىدى ئالا كۈچۈك. قىرغاۋۇل تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى:

ــ پوجاڭزا ئاتقاندا يىراق تۇرۇش كېرەك، قولۇڭلاردا تۇتۇپ تۇرۇپ ئېتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنى يارىلاندۇرۇپ قويىسىلەر.

ــ ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟ بۇ يەردە پوجاڭزىنى ئېسىپ قويغۇدەك ھېچنېمە يوق تۇرسا؟ ــ ئۇلار ئەتراپنى كۆزىتىپ چىقىپ تولىمۇ ئۇمىدسىزلەندى.





www.uyghurkitap.com

ــ ئامال تاپتىم! ــ دەپ ۋارقىرىغىنىچە بودەك ئېيىق ئالدىراپ ـ تىنەپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇزۇن بىر بامبۇك خادىنى كۆتۈرۈپ هاسىراپ ـ هۆمىدەپ كەلدى ـ دە:

ــ ئەمدىغۇ ئاتقىلى بولار! ــ دېدى. ئۇنىڭ يۈپيۇمىلاق يۈزىدە ئىپتىخارلىق ئەكس ئېتەتتى.





www.uyghurkitap.com

ئالا كۈچۈك پوجاڭزىنى دەرھال بامبۇك خادىغا باغلاپ، يەنە بىر قېتىم ئوت تۇتاشتۇراي دەپ تۇرۇشىغا يەنىلا شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بىردەم توختاپ تۇرغىن!

بۇ قىرغاۋۇل تاغا نېمانداق كوتۇلداۋېرىدىغاندۇ؟ دېيىشتى ھەممەيلەننىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ.

قىرغاۋۇل تاغا يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— پوجاڭزا ئېتىلغاندا ئاۋازى بەك چوڭ بولىدۇ. قۇلاق پەردەڭلەرگە زىيان يەتمەسلىكى ئۈچۈن، قۇلىقىڭلارنى ئېتىۋېلىڭلار، — دېۋىدى، ھەممىسى ياۋاشلىق بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.



قىرغاۋۇل تاغا ئاخىرى مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھە، ئەمدى بولدى، ئاتساڭلار بولىدۇ. بىراق ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئېتىپ بولۇپلا يۈگۈرۈپ بېرىۋالماڭلار، ئېتىلماي قالغانلىرى بولۇپ قالسا پارتلاپ ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ، — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پوجاڭزا ئاخىرى «پاراس - پۇرۇس» قىلىپ ئېتىلىپ، ئاسمان - زېمىندا كۈچلۈك سادا قوزغىدى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشتى:

پوجاڭزىلار ئېتىلىپ چاغان كەلدى،
پاراس - پۇرۇس سادالار ئەۋجىگە چىقتى.
خۇشال بولۇپ ئويناپ ئۇسسۇل، نەغمە قىلدۇق،
شوخ ناخشىمىز ناۋاسى پەلەككە يەتتى.







# پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## چاغاندىكى پوجاڭزىلار

### پائالىيەت مەقستى

پوجاڭزا ئويناش ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولسىمۇ لېكىن ئۆزىگە چۇشلۇق خېيىم- خەتىرى بار. بۇ پائالىيەتتە، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا بىرتەرەپتىن، بالىلارغا پوجاڭزا ئويناشتىن كېلىپ چىقىدىغان خۇشاللىق ھېس قىلدۇرۇلسا، يەنە بىر- تەرەپتىن «پوجاڭزا ياساش» ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى چېنىقتۇرۇلىدۇ.

### پائالىيەت تەييارلىقى

قايچا، قەغەز كېسىدىغان پىچاق، رەڭلىك قەغەز، شىلىم، رېزىنكە بوغقۇچ، رېزىنكىسىمان لاي، سوپۇن قۇتىسى ۋە چوڭراق قەغەز قۇتا (شاكىلات قۇتىسى قاتارلىقلار).







## پائالىيەت جەريانى




1. شاكىلات قۇتىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئىككى يېنىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ رېزىنكە بوغقۇچنى شۇ تۆشۈكچىلەر ئۈستىدىن ئۆتكۈزىمىز.




2. شاكىلات قۇتىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رېزىنكىسىمان لايىنى قۇتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە چىڭدايمىز.




3. سوپۇن قۇتىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا رېزىنكىسىمان لاي چىڭدايمىز.




4. رەڭلىك قەغەز-
ى يەلپۈگۈچ شەكلى-
ە قاتلاپ سوپۇن قۇ-
تىسىنىڭ يان تەرىپى-
گە شىلىم بىلەن
چاپلاپ، پوجاڭزا ئې-
لىغاندا چىقىدىغان
ئۈچقۇن ئورنىدا ئىش-
لىتىشكە تەييارلاي-
مىز.




5. ئەڭ ئاخىرىدا، سوپۇن قۇتىسىنى رېزىنكە بوغقۇچنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كۆچەپ ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ، دەرھال قويۇۋەتسەك، چىرايلىق «ئۈچقۇن» كۆككە ئۆرلەيدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

باللارنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى «پوجاڭزا»لارنى ياساپ چىقالايدىغان قىلىش.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

پائالىيەت ئارقىلىق باللار «پوجاڭزا ئېتىش»تەك قىزىقارلىق ئويۇندىن ھۇزۇر ئېلىپ ئۆزىنى «پوجاڭزا ئاتالايدىغان» چوڭلاردەك ھېس قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەشتەك چىنىقىشقا ئىگە بولالايدۇ.




## پوجاڭزىنى قانداق قىلغاندا بىخەتەر ئاتقىلى بولىدۇ

كىچىك دوست، هازىر نۇرغۇن شەهەرلەردە پوجاڭزا، ساليوت ئېتىشنى چەكلەپ، پەقەت بەلگىلەنگەن ئورۇندا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا ئېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇ بەلگىلىمىلەرنى چوقۇم ياخشى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.

شۇنداقتىمۇ، بۇنداق بەلگىلىمىلەردە ئېتىشقا چەك قويۇلغان ياكى قويۇلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆۋەندىكىلەرگە چوقۇم دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1. پوجاڭزىنى چوڭلارنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئېتىش ھەم ئوتنى چوڭلار تۇتاشتۇرۇشى لازىم.

2. پوجاڭزىنى يەرگە قويۇپ ياكى ياغاچقا ئېسىپ ئېتىش، ھەرگىز قولدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئاتماسلىق لازىم.

3. تاسادىپىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر «كۆككە تىك ئۆرلەپ چىقىدىغان»، چاچرايدىغان پوجاڭزىلارنى ئاتماسلىق لازىم.

4. پوجاڭزىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئېتىلماي قالسا، ئالدىراپ بېرىپ قاراپ باقماسلىق، تاسادىپىي ئېتىلىپ ئادەمنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

5. بىر - بىرىگە پوجاڭزا ئېتىشىپ ئويناماسلىق لازىم.

6. ئوت ئاپىتى كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچى، ئىسكىلات - ئامبار ۋەياكى ئاسان ئوت ئالىدىغان بۇيۇملار دۆۋىلەپ قويۇلغان جايلاردا پوجاڭزا ئاتماسلىق، ماگىزىن، كىنوخانا قاتارلىق ئاممىۋىي سورۇنلاردا پوجاڭزا ئاتماسلىق لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# يولدىكى غەلىتە ئالا بەلگە سىزىق



ئورمانلىق دېگەن ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە يۈگرەيدىغان، قەدەملىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ بەخىرامان ئۆمىلەپ يۈرىدىغان ھەممە ھايۋانلار بار ئاجايىپ بىر قاينام-تاشقىنلىقتا چۆمگەن يەر-دە! ئۇ يەر ھەقىقەتەن ھايۋانلارنىڭ «جەننىتى»!

قاچانلاردىن باشلاپكىنتاڭ، ھايۋانلارمۇ مودا قوغلىشىشقا باشلاپ، توشقانچاق، تۈلكىچاق ۋە چوشقىچاقلار بىرىنىڭ كەينى-دىن بىرى پىكاپلارنى ھەيدەپ ئاجايىپ قالتىس بولۇشۇپ كەتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراق، ئورمانلىقتا رەسمىي ياسالغان يول يوق ئىدى. ئۇلار پىكاپلىرىنى ھەيدەپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەندە ھېلىدىن - ھېلىغا كىچىك ھايۋانلارنى سوقۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويىدىغان ھادىسىلەر چىقىپ تۇردى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممەيلەننىڭ بېشى قاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھايۋانلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا چارە-ئامال تېپىشقا كىرىشتى.

زېبرا (تاغىل ئاتمۇ دېيىلىدۇ) چىيەنچيەن دائىم شەھەر ئەتراپىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەچكە، ئۇ يەردىكى ماشىنىلارنىڭ ئاسفالىت يولدا ماڭىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى، شۇڭا ئۇ:

— بىزمۇ يول ياسايلى، ماشىنىلارمۇ، پىيادىلەرمۇ ئۆز يولىدا ماڭسۇن، شۇ چاغدىلا خېيىم-خەتەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ! — دېدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى پىكرىنى ماقۇللىدى.







ھايۋانلارنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىششى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يول ياسىلىپ پۈتتى. ئۇلار يولنىڭ چېتىگە پىيادىلەر يولى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن پىكاپتا، ماشىنىدا ماڭىدىغانلار بىلەن پىيادە ماڭىدىغان ھايۋانلار ئوخشاش بولمىغان يولدا ماڭىدىغان بولدى - دە، ھادىسە خېلىلا ئازايدى. ھەممەيلەن خۇشاللىققا چۆمدى.

www.uyghurkitap.com



بىراق يېڭى مەسىلىلەر يەنە چىقىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى، ئانا پاقا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولدىن تۇغرا كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر پىكاپ ئۈچقاندەك تېز كېلىپ قېلىپ، ئانا پاقىنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى!

پىكاپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان توشقانچاق دەرھال تورمۇز بېرىپ ماشىنىنى توختاتتى - دە، پاقىغا قاراپ:

— پاقا ئانا، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ راستىنلا چىن كۆڭلۈمدىن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى.

ئانا پاقىنىڭ جۈدۈنى تۇتۇپ:

— پىكاپىڭىزنى نېمانچە تېز ھەيدەيسىز، ئىش تېرىغىلى قىل قالدىڭىز! — دېدى.



www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خېيىم - خەتەرنىڭ ھەرقاچان يۈز بېرىش ئېھتىمال-
لىقىنى كۆرگەن كۆپچىلىك ئىنتايىن ئەندىشىگە
چۈشۈپ، يەنە بىر قېتىم يىغىلىپ چارە - ئامال ئويلاش-
تى.

زېبرا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— كىچىك ۋاقتىمدا ئانام بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى
يول - يول ئاق - قارا سىزىقلار كۆزگە ناھايىتى ئاسان چې-
لىقىپ تۇرىدۇ، دېگەنىدى. ناۋادا، ھايۋانلار دائىم
كېسىپ ئۆتىدىغان يولغا مۇشۇنداق ئاق - قارا بەلگە سى-
زىقى سىزىپ قويساق، كىچىك ھايۋانلارمۇ بۇ يەردىن
ئۆتكەندە، ماشىنىلىق كېلىۋاتقانلار بۇ ئالا بەلگە سىزى-
قىنى كۆرۈپ سۈرئىتىنى ئاستىلاتسا ياكى يولنى كېسىپ
ئۆتۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ بىردەم توختاپ تۇرسا بىخەتەر
بولامدىكىن دەيمەن، — دېدى.



www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەن چيەنچيەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. يولدا ئالا بەلگە سىزىقى بار بولغاندىن تارتىپ يولنىڭ ئەھۋالى دىگەندەكلا ياخشىلىنىپ كەتتى. بىراق، بىر كۈنى، بىن بىن دەيدىغان پىل باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىرىماي قەدەم ئېلىپ بەخىرامان ھالدا سىزىقتىن ئۆتتى. ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا قاتنايدىغان ماشىنىلاردىكى ھايۋانلار تاقەتسىزلىنىپ «دۇ ـ دۇ ـ دۇت» دەپ سىگنال بەردى.





www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك يەنە زېبرا چيەنچيەننى ئىزدەپ بۇنىڭغا بىرەر چارە تاپقىن، دېيىشتى. دۇ دۇ دېگەن ياۋا چوشقا:

ــ يول بار بولغاندىكىن، ئۇنى باشقۇرىدىغان بىرسى بولۇشى كېرەك. چيەن چيەن بىزنىڭ قاتناش باشقۇرغۇچىمىز بولسا قانداق؟ ــ دېۋىدى، ھەممەيلەن گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى.

چيەنچيەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتىدىن ـ كەچكىچە هاردىم ـ تالدىم دېمەي يولدا تۇرۇپ قاتناش تەرتىپىنى ساقلىدى. شۇنچە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ يەنىلا يېتىشەلمەي قالدى. بىر كۈنى، ئۇ ئاخىرى بىر ياخشى ئامال ئويلاپ تاپتى.



www.uyghurkitap.com

چيەنچيەن كۆپچىلىككە يېتەكچىلىك قىلىپ يولدىكى ھەربىر ئالا بەلگە سىزىقىنىڭ ئىككى قاسقىنىغا ئىككى چىراغ تۈۋرۈكى ئورناتتى. چىراغ تۈۋرۈكىنىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشىگە قىزىل، سېرىق، يېشىل ئۈچ خىل رەڭلىك چىراغ بېكىتتى.

يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى يېشىل چىراغ يانغاندا ھايۋانلار خاتىرجەم ھالدا يولدىن ئۆتىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ چاغدا يولنىڭ يەنە باشقا ئىككى يۆنىلىشىدە قىزىل چىراغ ياناتتى ـ دە، ماشىنىلار دەرھال توختايتتى.





قاتناش رەتكە چۈشۈپ، ھادىسىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى. ھەممەيلەن چيەنچيەننى ياخشى قاتناش باشقۇرغۇچى دەپ ماختاشتى!

ئاڭلىشىمچە، چيەنچيەن ھازىر ئورمانلىقتىكى ماشىنىلارنى قۇياش ئېنېرگىيەسى بىلەن ماڭىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ!



www.uyghurkitap.com





## پەننى ئوموملاشتۇرۇش ئەمەلي پائالىيىتى

### قاتناش بىخەتەرلىكى ئېسىمىزدە بولسۇن

**پائالىيەت مەقسىتى ..................................**

يولدىن ئۆتۈش بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئىش. كۆپ ھاللاردا ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بالىلارغا قاتناش قائىدىسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش ھەم ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، يولدىن مۇستەقىل ئۆتەلەيدىغان بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك. بۇ، ئائىلە تەربىيەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن.

**پائالىيەت تەييارلىقى ..................................**

ئۈستىگە يېشىل، قىزىل، سېرىق قەغەز چاپلاپ ياسىۋالغان «تىكتاك توپ پالىقى»نى «قىزىل، سېرىق، يېشىل چىراغ» ئورنىدا ئىشلىتىش؛ «ماشىنا رولى»نى ياساش.







## پائالىيەت جەريانى



1. بالىلار ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىللە ئوينايدۇ: بىرەيلەن «قاتناش ساقچىسى» بولىدۇ، قالغانلىرى يولدىن ئۆتىدىغانلار بولىدۇ.

★ ئالدى بىلەن ئانىسى بالىسىنى يېتىلەپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇرە قوزام يول ئېغىزىغا بارايلى، قىزىل چىراغدا توختاپ تۇرۇپ، يېشىلىنى ساقلايلى.» ئاندىن ئويۇننى باشلايدۇ.

★ ئۇلار گەپلىشىپ تۇرغاندا «قاتناش ساقچىسى» قولىدىكى «قىزىل، سېرىق، يېشىل» بەلگىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. پىيادىلەر «قىزىل چىراغ» نى كۆرۈپ دەرھال توختايدۇ، «يېشىل چىراغ»نى كۆرگەن هامان مېڭىشقا باشلايدۇ.



2. بىرەيلەن «شوپۇر» بولىدۇ، قالغانلىرى «يولدىن ئۆتىدىغانلار» بولىدۇ.

★ ئائىلە باشلىقى بالىسىغا مۇنداق دەيدۇ: «جان قوزام، ئوماق قوزام، ماشىنا كېلىپ قالدى، دەرھال توختايلى!»

★ شوپۇر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا «دۇ ـ دۇ ـ دۇت!» دەپ ئاۋاز چىقارغاندا پىيادىلەر توختايدۇ؛ «غاچ ـــ» قىلىپ تورمۇز بەرگەندە، يولدىن ئۆتىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

ئادەتتە ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرى بىلەن سىرتقا چىققاندا، بالىلىرىنى يولدىكى قاتناش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىشقا يېتەكلىشى، بۇ بەلگىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈشى، ئۇلارنىڭ قاتناش بىخەتەرلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## پائالىيەتنىڭ ئەهمىيىتى

بالىلارغا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان قاتناش بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، قاتناش بىخەتەرلىكى ساۋاتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىتىپ، ئۇلارنى قاتناش قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغدىيالايدىغان قىلىش.




# يولدىن ئۆتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

كىچىك دوست، يولدىن ئۆتەلەمسىز؟ ئۆزىڭىزچە بۇنىڭ نەرى تەس دەپ قارايدىغانسىز. ئەمەلىيەتتە، كوچىنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە ئۆتكۈچە، ئوتتۇرىدىكى يولدا نۇرغۇنلىغان ماشىنىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بەزى ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئەگەر سىز قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىسىڭىز ياكى يولدىن ئۆتكۈچە بىخەستىلىك قىلسىڭىز خېيىم ـ خەتەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداق قىلغاندا يولدىن بىخەتەر ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىڭىز لازىم.

1. باللار باغچىسىدىكى باللارنى ئاتا ـ ئانىلىرى يېتىلەپ ئۆتكۈزۈشى لازىم. باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇشى، تاسادىپىيلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇيان ـ بۇيانغا ئالاڭلاپ قارىماسلىقى لازىم.

2. تۆت كوچا ئېغىزلىرى ياكى بەزىبىر ئاساسلىق يول بۆلەكلىرىدە ھەمىشە ئالا بەلگە سىزىقى سىزىلغان بولىدۇ، بۇ، پىيادىلەر ئۆتىدىغان يول دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يولدىن ئۆتكەندە چوقۇم شۇ يەردىن ئۆتۈشىمىز لازىم، چۈنكى، ماشىنىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ ياكى توختاپ پىيادىلەرگە يول بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىككى ياققا ماڭىدىغان ماشىنىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئوبدان سەپسېلىۋېتىپ ئاندىن يولدىن ئۆتسەك، خېيىم ـ خەتەر يۈز بەرمەيدۇ.

3. بەزى پىيادىلەر ئۆتىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىزىل، يېشىل چىراغ ئورنىتىلغان بولىدۇ. بىز يولنىڭ قارشىسىدىكى يېشىل چىراغ يانغان چاغدا يولدىن ئۆتسەك بولىدۇ. قىزىل چىراغ يېنىق تۇرغاندا ئۆتۈش ئىنتايىن خەتەرلىك!

4. ئۆز بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن، ھەرقانداق ئەھۋالدا يولدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشىمىز، ئۇياق ـ بۇياققا ئالاڭلاپ قارىماسلىقىمىز، ھەرگىز يولدا ئويناشماسلىقىمىز ۋە چېلىشماسلىقىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار:

بۇ قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتلارنى ئالدىڭلار!

قېنى يېزىپ بېقىڭلار!







**图书在版编目(CIP)数据**

《红蜻蜓》儿童童话绘本系列. 藏起来的火苗:维吾尔文 / 沙达提·依明译. -- 乌鲁木齐 : 新疆美术摄影出版社, 2013.4
ISBN 978-7-5469-3923-0

Ⅰ. ①红… Ⅱ. ①沙… Ⅲ. ①儿童文学 - 图画故事 - 中国 - 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077168 号

选题策划：于文胜
责任编辑：木拉提·阿里木
　　　　　马木提·司马义
责任校对：米日班·努尔艾合买提
版式设计：玉苏甫江·艾山
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任决审：亚森·吾布力哈斯木
责任印制：刘伟煜

| | |
|---|---|
| 书　名 | 《红蜻蜓》儿童童话绘本系列——藏起来的火苗（维吾尔文） |
| 译　者 | 沙达提·依明 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号 |
| 邮　编 | 830026 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 网　购 | 当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店 |
| 制　版 | 乌鲁木齐标杆集印务有限公司 |
| 印　刷 | 北京新华印刷有限公司 |
| 开　本 | 787 mm × 1092 mm　　1/16 |
| 印　张 | 8 |
| 版　次 | 2014 年 10 月第 1 版 |
| 印　次 | 2014 年 10 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-3923-0 |
| 定　价 | 29.80 元 |

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）